مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# ئېلىپبە

1 ـ يىللىقلار ئۈچۈن

(«قوش تىل» سىنىپلىرى ئۈچۈن)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# ئېلىپبە

1 ـ يىللىقلار ئۈچۈن

(«قوش تىل» سىنىپلىرى ئۈچۈن)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

باش تۈزگۈچى: **ۋاھىتجان ئوسمان**

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: **ئۆمەرجان توختى**

تۈزگۈچىلەر: **ماھىبەدەر مەھمۇد، زامانىدىن پاكزات، مېھراي مىجىتھاجى، شەمسىيە يۈسۈپ، باتۇر دلۋۇت قورىغار**

مۇھەررىرى: **ۋاھىتجان ئوسمان**

مەسئۇل مۇھەررىرى: **يالقۇن روزى**

مەسئۇل كوررېكتورى: **شېرىنئاي ئابدۇرېھىم**

رەسسام: **تۇرسۇن ئىسھاق**

خەتتات، بەت لايىھىلىگۈچى:
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئادىلجان ئايىت**

义务教育课程标准实验教科书

**识字课本**

一年级

(供双语班使用)

新疆维吾尔自治区中小学教材

审定委员会 2009 年审查通过

(维吾尔文)

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

http://www.xjjycbs.com

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى باستى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى

*

فورماتى: 787 × 1092 ، 1/16 ؛ باسما تاۋىقى: 5

2009 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

2012 - يىل 6 - ئاي 4 - بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 60 000

ISBN 978 - 7 - 5370 - 7498 - 8

باھاسى: 5.53 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.

بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2863761, 2870654 (0991)

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «قوش تىل» سىنىپلىرىنىڭ «ئانا تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلدى.

بۇ دەرسلىك دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمى ئاساس قىلىنىپ، «قوش تىللىق» ئوقۇتقۇشىنىڭ ئېھتىياجى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئانا تىلنى پۇختا ئىگىلەش، مىللىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇش مەقسەت قىلىنىپ تۈزۈلدى. تۈزۈشتە بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتىن تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش شەكلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

مەشھۇر پېداگوگ سوخوملىنىسكىي «ھەقىقىي مائارىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان مائا-



Scanned by CamScanner

رېپتور» دېگەندى. ئوقۇغۇچىلار ئانا تىل - ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەندە تەشەببۇسكار بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئۆزى ئىزدىنىپ بايقاپ ئۆگىنىش ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئوقۇغۇچىلار ئانا تىل - ئەدەبىيات زېمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ. ئۇيغۇر تىلى باي ھەم ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك مۇكەممەل تىل، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا، رەڭگارەڭ مەزمۇنغا ۋە خىلمۇخىل شەكىلگە ئىگە ئەدەبىياتتۇر. مانا مۇشۇنداق بىپايان ئانا تىل - ئەدەبىيات زېمىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. چۈنكى، ئۇلار بۇ سۆيۈملۈك ئانا تىل - ئەدەبىياتنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرىدۇر.

«ئانا تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» دە «ئانا تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ كۆپ ياقلىملىق ئىقتىدارى ۋە ئاساس سېلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مۇھىم ئورنىنى بەلگىلىگەن». شۇڭا «ئانا تىل - ئەدەبىيات دەرسى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئۇلار ئانا تىل - ئەدەبىيات جەھەتتە ئاساسىي ساپاغا ئىگە قىلىنىشى لازىم. ئانا تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى توغرا چۈشىنىشىگە ۋە قوللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تىل جۇغلانمىسىنى بېيىتىپ، تىل تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئېھتىياجلىق بولغان ئەمەلىي يېزىش قابىلىيىتى، ئوقۇش قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە ئاغزاكى ئالاقە قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم.» دەپ كۆرسىتىلگەن. تۇزۇش جەريانىدا بۇ تەلەپكە باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنى تۈزۈشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنى-

ۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ باللار پېداگوگىكا مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 29 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپ، غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.

دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن ئەخەت سالى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن روشەنگۈل مالىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن قەلبىنۇر ھامۇت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن پاتىگۈل ئابلىمىت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن رەيھانگۈل ھاشىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن مەلىكە توختى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىل ماي.



Scanned by CamScanner

# مۇندەرىجە

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ........................................ 1
هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن خەنزۇ تىلى پىنيىن
هەرپلىرى ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيسىنىڭ سېلىشتۇرما
جەدۋىلى ................................................................ 3
مەكتەپكە كىرىش تەربىيىسى ........................................ 5
دەسلەپكى مەشىق ( قول كۆندۈرۈش ئۈچۈن ) ....... 11
ئۇيغۇر 32 هەرپىنىڭ يېزىلىش تەرتىپى .......................... 13
1 ـ بۆلەك : « ئا ، ئە ، ن ، ت ، ب ، پ » هەرپلىرى ..... 15
مەشىق باغچىسى ........................................................ 21
2 ـ بۆلەك : « ئو ، ئۇ ، ئۆ ، ئۈ » هەرپلىرى ................ 23
مەشىق باغچىسى ........................................................ 27
3 ـ بۆلەك : «ج ، چ ، خ ، غ » هەرپلىرى .................. 29
مەشىق باغچىسى ........................................................ 33
4 ـ بۆلەك : « ئى ،ئې ، ي ، س ، ش » هەرپلىرى ........ 35
مەشىق باغچىسى ........................................................ 40



Scanned by CamScanner

5 ـ بۆلەك : « د ، ر ، ز ، ژ ، ۋ ، ھـ » ھەرپلىرى .......... 42

مەشىق باغچىسى ................................................ 48

6 ـ بۆلەك : «م ، ق ، ف ، ل ، ك ، گ ، ڭ» ھەرپلىرى .... 50

مەشىق باغچىسى ................................................ 57

7 ـ بۆلەك : تېكىستلەر ........................................ 60

1 . « ئېلىپبە » نى تۆگەتتىم ................................ 60

2 . ئىككى ئۆچكە ............................................ 61

3 . چىك ـ چىك ............................................... 63

4 . كىم توغرا قىلدى ........................................ 64

5 . قىزنىڭ ئەپچىل چارىسى ................................. 66

ئۇيغۇر تىلى ئاساس بىلىملىرى ................................ 68





Scanned by CamScanner

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بۇ ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى ، شەكلى ۋە نامى تۆۋەندىكىچە

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | باش ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | نامى | تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | باش ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا // ا | | | ـا // ئـا | ئا | 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 2 | ئە // ە | | | ـە // ئـە | ئە | 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې | 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې | 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې | 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې | 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې | 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې | 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 9 | د | | | ـد | دې | 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 10 | ر | | | ـر | رې | 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 11 | ز | | | ـز | زې | 24 | ھ | ھـ | ـھـ | | ھې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې | 25 | ئو // و | | | ـو // ئـو | ئو |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې | 26 | ئۇ // ۇ | | | ـۇ // ئـۇ | ئۇ |



Scanned by CamScanner

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | باش ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 27 | ئۆ | ۆ | | ـۆ//ـئۆ | ئۆ |
| 28 | ئۇ | ۇ | | ـۇ//ـئۇ | ئۇ |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې//ې | ئېـ//ېـ | ـئېـ//ـېـ | ـې//ـئې | ئې |
| 30 | ئى//ى | ئىـ//ىـ | ـئىـ//ـىـ | ـى//ـئى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

## سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى

ئا ئە ئې ئى ئو ئۇ ئۆ ئۈ

## ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى

ب پ ت ج چ خ د ر





ز ژ س ش غ ف ق ك




گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي



Scanned by CamScanner

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەسىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم | ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | a | [A] [ɑ] |  | د | d | [d] |  |
| ئە | | [ɛ] [æ] |  | ر | r | [r] |  |
| ب | b | [b] |  | ز | z | [z] |  |
| پ | p | [p‘] |  | ژ | | [ʒ] |  |
| ت | t | [t‘] |  | س | s | [s] |  |
| ج | j | [ʤ] |  | ش | x | [ʃ] |  |
| چ | q | [ʧ] |  | غ | | [ʁ] |  |
| خ | h | [χ] |  | ف | f | [f] |  |

| ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم | ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ق | | [q'] |  | ئو | o | [ɔ] [o] |  |
| ك | k | [k'] |  | ئۇ | u | [ɷ] [u] |  |
| گ | g | [g] |  | ئۆ | | [ø] |  |
| ڭ | ng | [ŋ] |  | ئۈ | ü | [Y] [y] |  |
| ل | l | [l] |  | ۋ | w | [v] |  |
| م | m | [m] |  | ئې | e | [e] |  |
| ن | n | [n] |  | ئى | i | [I] [i] |  |
| ھ | | [h] [ɦ] |  | ي | y | [j] |  |



Scanned by CamScanner

# ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش








Scanned by CamScanner

# ئوقۇش قوراللىرىنى ئاسراش







Scanned by CamScanner











Scanned by CamScanner

# ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش









Scanned by CamScanner

# دەسلەپكى مەشىق

## (قول كۆندۈرۈش ئۈچۈن)

## ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى

| | |
|---|---|
| باش كىرىك | تىك |
| ئوڭ تىك | سول تىك |
| پەس تىك | كىرتىك |
| سىزىق | سىيرىمە |
| تۆز سىيرىمە | پەس سىيرىمە |
| ئەگمە | قاش ئەگمە |
| ياي ئەگمە | تاقا |
| ھالقا | تۈگۈن |
| قىر تۈگۈن | قوش تۈگۈن |

| | |
|---|---|
| دېلتا | سەچۇك |
| پەش قۇلاق | چېغىر |
| تاق شاخ | جۇپ شاخ |

## ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرى

| | |
|---|---|
| چېكىت | تىم |
| جۇپ چېكىت | جۇپ تىم |
| ئۈچ چېكىت | ئۈچ تىم |
| تىك تىم | ھەمزە |
| «ئۇ» پەش | «ئۈ» پەش |
| «ئۇ» پەش | |

# ئۇيغۇر 32 ھەرپىنىڭ يېزىلىش تەرتىپى

| | | |
|---|---|---|
| ئا | ئە | ن |
| ت | ب | پ |
| ئو | ئۇ | ئۆ |
| ئۈ | ج | چ |
| خ | غ | ئى |

| | | |
|---|---|---|
| س | ي | ئې |
| ر | د | ش |
| ۋ | ژ | ز |
| ق | م | ھ |
| ك | ل | ف |
| | ڭ | گ |



Scanned by CamScanner


## 1 ـ بۆلەك . « ئا ، ئە ، ن ، ت ، ب ، پ » ھەرپلىرى



# ئا  ا  ـا  ـئا




ئات



ئارا



ئانار



تاشئالما

ئىزلاپ يازاي

ئا  ـا  ا  ـئا  ئا  ا  ـا  ـئا  ئا  ا  ـا  ـئا

كۆچۈرۈپ يازاي






# ئە ە ـە ـئە









ئەتلەس    دەرەخ    كەپتەر    مەشئەل

ئىزلاپ يازاي

ئە ە ـە ـئە ئە ە ـە ـئە ئە ە ـە ـئە

كۆچۈرۈپ يازاي





# ن ـنـ نـ ـن



قوغۇن



تىيىن



كېپىنەك



ناغرا

ن + ا = نا    ن + ە = نە

ئىزلاپ يازاي

نـ ن ن نـ ـنـ ـن ن نـ ـنـ ـن ن ن

نان    ئا + نا    ئە + نە

كۆچۈرۈپ يازاي

ئانا . ئەنە نان .



# ت تـ ـتـ ـت



   4

توشقان    دوختۇر    ئىت    تۆت

ت+ا = تا    ت+ە = تە

 ئىزلاپ يازاي

ـت ـتـ تـ ت ـت ـتـ تـ ت ـت ـتـ تـ ت

ئات ئەت تەن ئا+تا ئە+تە تەن+تە+نە

 كۆچۈرۈپ يازاي

ئاتا، تانا ئەنە.





# ب بـ ـبـ ـب






بۇغا پۇتبول ئەدىب كىتاب

بـ + ا = با بـ + ـە = بە

ئىزلاپ يازاي

بـ ـبـ ـب ب بـ ـبـ ـب ب بـ ـبـ ـب ب

بەت باب با+نان نا+باب

ئانا ، ئەنە بانان .



كۆچۈرۈپ يازاي





# پ   پ پ پ پ



پاراخوت   تاشپاقا   يىپ   داپ

ئىزلاپ يازاي

پ + ا = پا   پ + ە = پە

پ پ پ پ پ پ پ پ پ پ پ پ

تاپ   تەپ   ئا+پا   ئا+پەت   پا+پا   تا+پان   ئاپ+تاپ

كۆچۈرۈپ يازاي

ئاتا، ئانا ــ ئاپتاپ.





Scanned by CamScanner

# مەشق باغچىسى

**تاپالايمەن**

رەسىمدە قايسى ھەرپنىڭ قايسى شەكىللىرى بار؟




**يازالايمەن**

ھەرپلەرنىڭ پەرقىنى بىلىۋالدىم

ئا — تا ______
ئا — نا ______
ئا — پا ______

| | | | |
|---|---|---|---|
| بـ | ـبـ | ـب | ب |
| تـ | ـتـ | ـت | ت |
| پـ | ـپـ | ـپ | پ |

**ئوقۇيالايمەن**

نان نەپ پەن تەن تەپ

ئات باب تاپ بەت پات

**ئاجرىتالايمەن**

| ئاتا | بانان | ئاپتاپ | تاپان |
|---|---|---|---|
| ئا+تا | + | + | + |



Scanned by CamScanner

تاپالايمەن

## قانچە بوغۇم بار ؟

| | | |
|---|---|---|
| تاپ | تەنتەنە | ئاپتاپ |
| ئەتە | تەپ | ئەنئەنە |

سانىيالايمەن

## جۈملىدە قانچە سۆز بار ؟

ئاپا ، ئەنە بانان . ___

ئاتا ، نان تاپ . ___

ئۆگىنەلەيمەن

ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىدە ئۆگىنىۋېلىڭ .


«ب» ، «پ» ، «ت» ئۈچكىزەك ،
چىرايى بەك ئوخشاشكەن .
«پ» دا ئۈچ تىم ، «ب»دا بىر ،
« ت » دا جۈپ چېكىت ئىكەن .

بۇ شېئىردا ئۆگەنگەن ھەرپلەرنىڭ قايسى شەكلى بار ئىكەن ؟



Scanned by CamScanner

## 2 ـ بۆلەك . « ئو ، ئۇ ، ئۆ ، ئۈ » ھەرپلىرى




# ئو و و ئو









ئورۇندۇق دوپپا توز رادىئو

نو

نـ
تـ
بـ
پـ

ـو

ئىزلاپ يازاي

ئو و و ئو و و ئو و و ئو و و ئو

تون ئوت توپ ئو+تا نو+تا تو+پا

كۆچۈرۈپ يازاي

ئوت ئوتا . ئون ئات .





# ئۇ ۇ ۇ ئۇ



ئۇچلغۇچ



دۇتار



مايمۇن



ئاقئۇن

ئزلاپ يازاي

ئۇ ۇ ۇ ئۇ ئۇ ۇ ۇ ئۇ ئۇ ۇ ۇ ئۇ

نـ ، بـ ، تـ — ـۇ

ن ، ت — ئۇ

پا ، نۇت — ئۇ

كۆچۇرۇپ يازاي

ئات تۇت . ئوتۇن تاپ .





# ئۆ ۆ ۆ ئۆ




ئۆتۈك



دۆ



تۆگە



قارىئۆرۈك

ئىزلاپ يازاي

ئۆ ۆ ۆ ئۆ ئۆ ۆ ۆ ئۆ ئۆ ۆ ۆ ئۆ

تـ
ۆ — بـ
پـ

ئۆت      تۆت

ئۆ+تە      ئۆتـ+ـنە      تۆ+پە



كۆچۈرۈپ يازاي

ئەنە، تۆت ئات.





# ئۈ ۈ ۈ ئۈ

ئۈجمه ئۈزۈك گۈل ئىتئۈزۈم

ئىزلاپ يازاي

ئۈ ۈ ۈ ئۈ ئۈ ۈ ۈ ئۈ ئۈ ۈ ۈ ئۈ

ت ن پ — ۈ ئۈن تۈپ تۈن پۈت

تۈ+تۈن ئۆ+تۈن تۈ+نه پۈ+تۈن ئۈ+نۈپ

كۆچۈرۈپ يازاي

تۆت تۈپ ئۈت تاپ .






Scanned by CamScanner

# مەشق باغچىسى

پەرقلەندۈرەلەيمەن

ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرىنى قويۇپ ھەم يېزىڭ .











| | | | |
|---|---|---|---|
| ئو | و | ـو | ـئو |
| ئو | و | ـو | ـئو |
| ئو | و | ـو | ـئو |
| ئو | و | ـو | ـئو |

يازالايمەن

رەسىمدىكىلەرنىڭ نامىنىڭ باش ھەرپىنى يېزىڭ .









تولدۇرالايمەن

___ + تا = بوتا        ___ + ـنە = ئۆتنە

ئو + ___ = ئوتۇن        تۇ + ___ = تۇتۇن

تاپالايمەن

ئۆگەنگەن ھەرپلەرنى ئىزلاپ يېزىڭ .



دىكى ـ دىكى توشقان ،
چېشى ئىككى توشقان .
«ئۆ»نى «ئۇ» دەپ يازغاندا ،
قۇلىقىڭنى كىم سوزغان ؟


توغرىلىيالايمەن

ئەنە تۆتئات        ئونتۆت ئاتتاپ

## 3 ـ بۆلەك . «ج . چ . خ . غ » ھەرپلىرى



# ج جـ ـجـ ـج


جەرەن


پىنجەك


مىج


تاج

ئىزلاپ يازاي


ج جـ ـجـ ـج ج جـ ـجـ ـج ج جـ ـجـ ـج

جان جوت جوپ باج ئە+جەب

جا+پا جە+نوب تە+ئەجە+جوپ

كۆچۈرۈپ يازاي

بۆجەن ، بۆجەن جوپ بۆجەن .






Scanned by CamScanner



# چ چـ ـچـ ـچ

چۆمۈچ قايچا قىلىچ سىزغۇچ



ئىزلاپ يازاي


ئۈچ ئاچ ئۆچ چاچ چاپ چەت

ئا+چا چۈ+جە چا+نا ئۈن+چە چۈن+چە

ئاچا، ئۈنچە چاچ.





كۆچۈرۈپ يازاي





# خ خـ ـخـ ـخ

خەرتە گۈلخان بىخ شاخ

ئىزلاپ يازاي

خـ ـخـ ـخ خ خـ ـخـ ـخ خ خـ ـخـ ـخ خ

خەت خەپ تەخت بەخت خا-تا پاخ+تا

تاخ+تا نوخ+تا ئات+خا+نا باج+خا+نا

كۆچۈرۈپ يازاي

تاخ توخۇ ، تاخ-تاخ توخۇ . ئاچ توخۇ ، ئاچ-ئاچ توخۇ .





Scanned by CamScanner



# غ ـغ ـغـ غـ










غىجەك چامغۇر تىغ تاغ

ئىزلاپ يازاي


غ ـغ ـغـ غـ غ ـغ ـغـ غـ غ ـغ ـغـ غـ

باغ توغ چوغ ئو+غۇت تا+غا

بۇ+غا بو+غۇن نو+غۇچ غۇن+چە

كۆچۈرۈپ يازاي

ئاتا ــ تاغ ، ئانا ــ باغ .




# مەشق باغچىسى

تولدۇرالايمەن

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | خ |
| | | جـ | |
| | چ | | |
| غ | | | |

يازالايمەن رەسىمدىكىلەرنىڭ نامىنىڭ باش ھەرپىنى يېزىڭ .

سۆز تۈزىيەلەيمەن

غۈن / ئۈن / چۈن — چە

توخ / تاخ / نوخ — تا

### بوغۇمغا ئاجرىتالايمەن

نوغۇچ = ________ خاتا = ________

تەئەججۇپ = ________ خەت = ________

### ئاڭلاپ يازالايمەن

چەت تاغا چوغ بەخت ئاتخانا بوغۇن


توخۇ ئاغا تاج بۆجەن ئەجەب باغچا

### پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇيالايمەن

| | | |
|---|---|---|
| جۈپ جۇت | خوپ خوت | ئۇچ ئۈچ |
| ئۇن ئۈن | پۇت پۈت | پۈتۈن تۈتۈن |

### تاپالايمەن

ئوقۇتقۇچى ئېيتىپ بەرگەن تېپىشماقنى تېپىڭ ھەم ئۆگەنگەن ھەرپلەرنى تېپىپ، ئىزلاپ يېزىڭ.







Scanned by CamScanner

## 4 ـ بۆلەك . « ئى . ئې . ي . س . ش » ھەرپلىرى

# ئى

ئـ ـىـ ـئـ ـىـ ـئى ى ئى ى



ئىت ئىدىش كىت سۈنئىي ھەمراھ ئىشچى

ئىزلاپ يازاي

ئـ ـىـ ـئـ ـىـ ئى ى ئى ى ئـ ـىـ ـئـ ـىـ ئى ى ئى ى

بىخ تىغ چىغ چىت پىن+نە ئىچ+تى

تۇتتى بىئەپ ئىئانە ئىتائەت ئىتوت ھىندى

كۆچۈرۈپ يازاي

تەبىئەت ـــ ئانا . ئۇنى باخ-باخ ئەت .



ئەسكەرتىش : « ئى » ھەرپىنىڭ « ـئـ » . « ـئى » . « ئى » شەكىللىرى يازمىلاردا ئاز ئۇچرايدۇ . ئوقۇتۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللىرى ئاساس قىلىنسا بولىدۇ .

# ئېـ ـېـ ـئېـ ـېـ ـئې ـې ئې ې











ئېلىپبە    دېڭىز    مېغىز    مالې①

قوشئېرىق    خۇاڭخې    مالدىۋې

ئىزلاپ يازاي

ئېـ ـېـ ـئېـ ـېـ ـئې ـې ئې ې ئېـ ـېـ ـئېـ ـېـ ـئې ـې ئې ې

خې+نە    چې+چەن    بې+تون    جې+نى

تېخىچە    ئات—ئېتى    چاچ—چېچى    نان—نېنى

غېنى پېچىنە پېچىتىنى ئاچتى .

كۆچۈرۈپ يازاي




ئەسكەرتىش : « ئې » ھەرپىنىڭ « ـئېـ » . « ـئې » . « ئې » شەكىللىرى يازمىلاردا ئاز ئۇچرايدۇ .
ئوقۇتۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللىرى ئاساس قىلىنسا بولىدۇ .

① مالدىۋىنىڭ پايتەختى .

ي يـ ـيـ ـي



يولۋاس ئېيىق مەھمۇد كاشغەرىي نەي

ئىزلاپ يازاي

ي ـي ـيـ يـ ي ـي ـيـ يـ ي ـي ـيـ يـ

ئاي ياي يىپ بويۇن تىيىن ئويۇن


تە+بـ+ئىي يا+پو+نـ+يە يىـ+پىنـ+چا

كۆچۈرۈپ يازاي يەتتە تاي چاپتى ، چاپتى بايغا يەتتى .



س سـ ـسـ ـس



سامساق قىسقۇچ رېلىس داس

ئىزلاپ يازاي

سـ ـسـ ـس س سـ ـسـ ـس س سـ ـسـ ـس س


سۇ ئىس سەن ساپان سائەت سەنئەت

سىنىپ بوستان ئا+سا+سەن ئەپ+سا+نە

ئەسئەت تاپسىغا سۇ سەپتى.

كۆچۈرۈپ يازاي





# ش شـ ـشـ ـش

شار    ئىشتان    قىش    بەش

ئىزلاپ يازاي

ش شـ ـشـ ـش ش شـ ـشـ ـش ش شـ ـشـ ـش

شا — ن / خ / ش

يا / تا / با — ش

ئىش+چى    شو+تا    پا+شا    شا+تۇت    ئىش+چان

خۇشخۇي    سەيشەنبە    ئاشتاختا    شىپاخانا

كۆچۈرۈپ يازاي

ئايپاشا . بەشتاش ئوينا .



# مەشق باغچىسى


### پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇيالايمەن




سوزۇق تاۋۇشلارنى كۆك رەڭدە ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى قىزىل رەڭدە بوياڭ .

### ئوقۇيالايمەن




### يازالايمەن





سېلىشتۇرۇپ ئوقۇيالايمەن

| | | |
|---|---|---|
| باش — بېشى | ئاش — ئېشى | ساي — سېيى |
| چاي — چېيى | نەي — نېيى | بەت — بېتى |
| تاي — تېيى | پەي — پېيى | ئەت — ئېتى |



يادقا يازالايمەن

ئۆگەنگەن سۆزدىن بەشنى يېزىڭ .



رەتلىيەلەيمەن

چۆپ تاپتى ئات

ياسا يۇسۇپ ئۆي



تاپالايمەن

ئۆگەنگەن ھەرپلەرنى تېپىپ ، ئىزلاپ يېزىڭ .

قىشتا كىشمىش پىشماسمىش .

قىشتا پىشقان كىشمىشنى يېگىلى بولماسمىش .




Scanned by CamScanner


## 5 ـ بۆلەك . « د ، ر ، ز ، ژ ، ۋ ، ھ » ھەرپلىرى



# د ـد



دىنوزاۋر



پىدىگەن

دا — ن ، غ ، س



ئىزلاپ يازاي

د ـد د ـد د ـد د ـد د ـد د ـد

دوست دا+دا ئە+دەپ چاي+دان دوپ+پا

ئوبدان شىددەت دۈشەنبە ئەدەبىيات



كۆچۈرۈپ يازاي

سائادەت بۇ جايدا داپ ، دوپپا ساتىدۇ .







Scanned by CamScanner

ر ـر







رادار شىر

رەت رۇس

رەخت راست

بىر سىر



ئىزلاپ يازاي

ر ـر ر ـر ر ـر ر ـر ر ـر ر ـر

دەپ+تەر دو+را ناغ+را ئى+ران

تىرە رىشتە تىجارەت پاراخوت چۆچۈرە



كۆچۈرۈپ يازاي

ئىش بار يەردە ئاش بار.



سۇ ئېرىدى شىر - شىر،

تورغاي ئۇچتى پىر - پىر.

بىخ ئۆستى پىسىر - پىسىر،

چۈجە خوراز تىپىر - تىپىر.



Scanned by CamScanner

# ز ـز





ئاز ساز غاز

بىز تىز سىز

زىراپە ئىز زار زور زەر

ئىزلاپ يازاي

ز ـز ز ـز ز ـز ز ـز ز ـز ز ـز ز ـز

ئە+زىز نو+رۇز يې+زا ئۇس+تاز

پەرزەنت زىرائەت دېرىزە زىيانداش


كۆچۈرۈپ يازاي تىرىشچان ئۇزار.

ئوقۇپ باقاي



ئاز ياز ، ساز ياز .

سۆزى تۈز ، ئۆزى تۈز .



# ژ ژ








ژۇرنال پىژ - پىژ پارىژ



ئىزلاپ يازاي

ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ ژ


پاژ - پۇژ  بوژغۇن  چېرتيوژ  پورژىنا



كۆچۈرۈپ يازاي ياسىن پىژ - پىژ ئاپتاپتا چېرتيوژ سىزدى .



ئوقۇپ باقاي




شار - شۇر سۇدا بوژغۇن .


سۇدا ئوينار تۇيغۇن .



Scanned by CamScanner

# ۋ ۋ



ۋاراتا دەرۋازا سېۋەت



ئىزلاپ يازاي

ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ ۋ


ئا+ۋاز ۋە+تەن چە+ۋەر تا+ۋۇز مې+ۋە دەر+ۋا+زا


سۇۋادان شۇۋىرغان ۋەزىپە ۋاراتا سېۋەت



كۆچۈرۈپ يازاي

ئەنۋەر ۋەدىسىدە تۇردى.





# ھ ھ





ھارۋا دېھقان ھور

پاھ

ئېھ



ئىزلاپ يازاي

ھە+رە ئېھ+سان ھې+ساب با+ھار بې+ھى

ھۆرۈن جاراھەت نەسھەت ھادىسە



كۆچۈرۈپ يازاي

ھەسەن، ھۈسەن ھەرە تارتتى.



# مەشىق باغچىسى



يازالايمەن

تۆۋەندىكى ھەرپلەرنىڭ ئىككى خىل شەكلىنى يېزىڭ .

د ــــــــــــــــ ر ــــــــــــــــ

ز ــــــــــــــــ ژ ــــــــــــــــ

ۋ ــــــــــــــــ ھ ــــــــــــــــ



تولدۇرالايمەن


| | سوزۇق تاۋۇش | ئۈزۈك تاۋۇش | جەمئىي ھەرپ |
|---|---|---|---|
| دوغاپ | | | |
| داستىخان | | | |
| ژانىر | | | |
| زەھەر | | | |
| شىۋىرغان | | | |
| سەھەر | | | |



Scanned by CamScanner

يازالايمەن









ئوقۇيالايمەن

ئەرزان دەپتەر          بىر سېۋەت ئانار

ھارۋا ھەيدەش          دورا سېتىش

ۋەتەننى سۆيۈش          ۋەدىدە تۇرۇش

پىژ - پىژ ئاپتاپ          بۇژغۇن چاچرىتىش

كۆچۈرۈۋالاي


ئەدەپتىن ئىززەت تاپ . ئادەتتىن زىننەت تاپ .

## 6 ـ بۆلەك . «م . ق . ف . ل . ك . گ . ڭ» ھەرپلىرى



م مـ ـمـ ـم






مۈشۈك بېگىموت سىم قەلەم



ئىزلاپ يازاي

مەش مىس تام تەم ئىنىم تۆمۈر

ئاسمان مەرىپەت ئامانەت خىمىرتۆرۈچ

مەردنى مەيداندا سىنا .



كۆچۈرۈپ يازاي



بوز ئېتىم ، شاش بوز ئېتىم ،
بار ئىدى يازغان خېتىم .
خەتنى ئاپار دوستۇمغا ،
چاپ ئېتىم ، چاپ-چاپ ئېتىم .



# ق ق ق ق






قوناق چاشقان بېلىق قاپاق

ئىزلاپ يازاي


ق ق ق ق ق ق ق ق ق ق ق ق

قاق قار مىق توغراق قايماق قېيىق

قاپقاق قورقۇنچاق قاپقارا قارىياغاچ

كۆچۈرۈپ يازاي

قارىغوجا قارانچۇققا قوندى .



ئاخشام ئاق شامنى ياقتىم ،

ئاق شامنى ئاخشام ياقتىم .



Scanned by CamScanner

# ف ﻔ ﻓ ﻒ









فوتوئاپپارات  تېلېفون  گولېف توپ  تېلېگراف

ئىزلاپ يازاي

ﻓ ﻔ ﻒ ف ﻓ ﻔ ﻒ ف ﻓ ﻔ ﻒ ف

فارفور  فونتان  يانفون  نېفىت

ئافرىقا  فرانسىيە  نەفسە

كۆچۈرۈپ يازاي  فۇرقەت فىروزەدىن يانفون سورىدى .



ئېيتقاندا « پ » غا يېقىن ،
يازغاندا « ق » غا يېقىن ،
قايسى ھەرپ تېز تاپقىن .




Scanned by CamScanner



# ل لـ ـلـ ـل









لەگلەك قولياغلىق زەمبىل دەزمال

ئىزلاپ يازاي

ل ـل ـلـ لـ ل ـل ـلـ لـ ل ـل ـلـ لـ

ئەل تىل لىم مالاي ئىلان مىللەت

ئالما ئۈنئالغۇ لايىھە تېرىلغۇ

كۆچۈرۈپ يازاي

بىلىم ئەقىل بۇلىقى .




ئاپتاپ چىقتى پارلىدى ،


ئۆي يورۇدى ۋاللىدە .

ئالىپ خۇشال-شادىمان —

يۈز نومۇرنى ئالدى-دە !

# ك كـ ـكـ ـك



كاۋا تانكا كەكلىك بۆشۈك

ئىزلاپ يازاي

ك ـك ـكـ كـ ك ـك ـكـ كـ ك ـك ـكـ كـ

كەل تەك تىك يەككە كاككۇك سەككىز

مۆكۈشمەك مۇشۇكئېيىق كېكىرتەك

كۆچۈرۈپ يازاي


كۈچ بىرلىكتە ، ئىش ئۆملۈكتە .



ئىككى كىچىك كېچىك كەچتىم ،

ئۈچ كىچىك كېچىك كەچتىم .

نەچچە كىچىك كېچىك كەچتىم ؟



# گ گ گ گ

گۈرجەك مۈڭگۈز چىگ ئەگ

 ئىزلاپ يازاي

گ گ گ گ گ گ گ گ گ گ گ گ

گەپ بەرگ ئىگىز بىلىگ گۈرۈچ

ئۆگىنىش گۆشگىردە كۈنگۈرە

 كۆچۈرۈپ يازاي

ھۈنەر — تۈگىمەس گۆھەر.


گۇ - گۇ - گۇك،
مەن پاختەك
ئىشلىسەم ئاغرىق،
ئوينىسام ساقتەك.



گۇ - گۇ - گۇك،
مەن پاختەك.
ئىگىزدىن پەسكە
شۇڭغۇيمەن ئوقتەك.



# ڭ ڭـ ـڭـ ـڭ

  1000 

تەڭنە يىڭنە بىرمىڭ باراڭ

ئىزلاپ يازاي

ڭ ـڭ ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ ـڭ ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ ـڭ

يەڭ چىڭ جاڭگال باراڭ دېڭىز

تەڭگە يىڭناغۇچ سەرەڭگە شەپەرەڭ

كۆچۈرۈپ يازاي

ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.

ئەلەڭگۈم، بەلەڭگۈم، «ئوڭ» دا بار، «سول» دا يوق،

تۆت تاپىنى تەلەڭگۈم، «تۇڭ» دا بار، «مۆز» دا يوق.

تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟ تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

# مەشىق باغچىسى

ئۆزگەرتەلەيمەن

بېرىلگەن ھەرپ شەكىللىرىنى باشقا ھەرپ شەكىللىرىگە ئۆزگەرتىپ بېقىڭ .



سۆز ياسىيالايمەن

ل ← ___ ___ ___

ڭ ← ___ ___ ___

م ← ___ ___ ___

بوغۇمغا ئاجرىتالايمەن

رەڭگارەڭ : ________________

گىلەم : ________________

بەرەڭگە : ________________

ئاق قۇ : ________________

پاتنۇس : ________________

كېپىنەك : ________________



يازالايمەن
















توغرىسىنى تاپالايمەن

بۆلۈنگەن ـ بۆلۈڭگەن　　كۈنلۈك ـ كۈللۈك

ئۆقتۆرۆش ـ ئۆختۆرۆش　　ئەككەن ـ ئەگكەن

ساخلىدى ـ ساقلىدى　　كەگەن ـ كەلگەن

چىلكى ـ چىلگى　　تىلگى ـ تىلكى



ئوقۆيالايمەن

ۋىژژاڭ - ۋىژژاڭ ۋېلسىپىت .
غۆي - غۆي چاپقان ۋېلسىپىت .
تورمۆزىڭىز يوق ئىكەن .
سوقۆلدىڭىز ۋاي ئىست .

تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغ تىكلە .

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ .



Scanned by CamScanner

7 ـ بۆلەك . تېكستلەر

# 1 . «ئېلىپبە» نى تۈگەتتىم



ئوتتۇز ئىككى ھەرپىم ،
بىردىن بىردىن تىزىلدى .
شەكلى بىلەن تاۋۇشى ،
يۈرىكىمگە تىزىلدى .

« ئېلىپبە » نى تۈگەتتىم ،
ھەم ئۇكامغا ئۆگەتتىم .
كىتابلارنىڭ بېتىگە ،
كۆزلىرىمنى يۈگۈرتتۇم .


شېئىرنى يادلىۋالايلى
ۋە كۆچۈرۈپ يازايلى .



شېئىرنى توغرا ، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .

# 2 . ئىككى ئۆچكە

ئۆستەڭگە قويۇلغان يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئاق ئۆچكە بىلەن قارا ئۆچكە تەڭلا كېلىپ قاپتۇ .



— سەن توختاپ تۇر ، ئاۋۋال مەن ئۆتۈۋالاي . — دەپتۇ قارا ئۆچكە .

— ياق ، سەن توختاپ تۇرغىن ، مەن ئۆتۈۋالاي .

— دەپتۇ ئاق ئۆچكە . قارا ئۆچكە :

— ياق ، ئاۋۋال مەن ئۆتىمەن ! دەپتۇ . ئاق ئۆچكە :

— نېمە ئۈچۈن سەن ئۆتەتتىڭ ، مەن ئۆتىمەن !



Scanned by CamScanner

— دەپتۇ .

— مەن ساڭا ھەرگىز يول بەرمەيمەن ! — دەپتۇ قارا ئۆچكە .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇسۇشۇشقا باشلاپتۇ . ئۇسۇشە — ئۇسۇشە مۈڭگۈزلىرى كىرىشىپ قاپتۇ . ئاخىر ئىككىسى تەڭلا سۇغا تىك موللاق چۈشۈپتۇ .



مەسەلنى توغرا ، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .

تېكىستنى ئۆز تىلىمىزغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىپ بېرەلەيمەن .

مەسەلنى رول ئېلىپ ئويناپ باقايلى .

# 3 . چىك ـ چىك



چىك . چىك . چىك .
ئويغان بالىجان .
تەييارلىدى چاي .
ساڭا ئانىجان .

چىك . چىك . چىك .
مەكتەپكە يول ئال .
تىرىشىپ ئۆگەن .
ئۇستاز سۆزى بال .

شېئىرنى ئۈنلۈك . توغرا . راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار ھەم كۆچۈرۈپ يېزىڭلار .

مەن شېئىرنى يادلىۋالدىم .

# 4 . كىم توغرا قىلدى

دولقۇننىڭ دىلشات ۋە مۇختەر دېگەن ئىككى ساۋاقدىشى بار ئىدى .

بىر كۈنى دولقۇن تىل-ئەدەبىيات دەرسىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ ، ماتېماتىكا دەرسىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمىدى .



دولقۇن ئەتىسى مەكتەپكە كەلگەندە ، دىلشات بىلەن مۇختەرگە :



Scanned by CamScanner

— ماتېماتىكا تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمىدىم . قانداق قىلارمەن ؟ — دېدى .

— مەن ئىشلەپ بولدۇم . مە . كۆچۈرۇۋال . — دېدى دىلشات .

— دولقۇن . كۆچۈرمىگىن . مەن چۈشەندۈرۈپ قوياي . ئۆزۈڭ ئىشلىيەلەيسەن . — دېدى مۇختەر .

مۇختەرنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشى بىلەن دولقۇن تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەپ چىقتى .

تېكىستنى ئۈنلۈك . توغرا . راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .

سىز ئادەتتە تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىيەلمىگەندە قانداق قىلىسىز ؟

ساۋاقداشلىرىمغا قانداق ياردەم بېرىشنى بىلىۋالدىم .

# 5 . قىزنىڭ ئەپچىل چارىسى

پادىشاھ ۋەزىرگە :

— سەن ئەتە بازاردا ئىككى مىڭ تۇياق قوينى سېتىپ ، كەچتە ساتقان پۇل بىلەن قوينى قايتۇرۇپ كېلىسەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، قوينىڭ بىرىمۇ كەم بولمىسۇن ، — دەپتۇ .



ۋەزىر نائىلاج ماقۇل بولۇپتۇ . لېكىن كۆڭلىدە : « قوينى سېتىۋەتسەم ، سانى كەملەيدۇ . ساتمىسام پۇلنى قانداق قىلغۇلۇق ؟ » دەپ بېشى تازا

قېتىپتۇ . ۋەزىرنىڭ قىزى دادىسىنىڭ چۈشكۈن ھالىنى كۆرۈپ ، سەۋەبىنى سوراپتىكەن . ۋەزىر قىزىغا پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ . قىزى بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ، بىر ئەقىل كۆرسىتىپتىكەن . ۋەزىر قىزىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ . ئەتىسى ۋەزىر پادىشاھقا ئىككى مىڭ تۇياق قوي بىلەن پۇلنى ساق تاپشۇرۇپتۇ . قېنى ئويلاپ بېقىڭلار ، ۋەزىرنىڭ قىزى قانداق ئەپچىل چارە تاپقان ؟

تېكىستنى ئۇنلۇك ، توغرا ، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .

ۋەزىرنىڭ قىزى قانداق چارە تاپقانلىقىنى تېپىپ بولدۇم .



Scanned by CamScanner

# ئۇيغۇر تىلى ئاساس بىلىملىرى

1 . تىل تاۋۇشلىرى

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش پەردىلىرىنى تىترىتىشىدىن ھاسىل بولغان ، تىلدىكى سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدىغان تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا 32 تاۋۇش بار .

2 . ھەرپ

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، ھەرپ تاۋۇشلارنىڭ سۈرىتى . تاۋۇش ھەرپلەرنىڭ ئاۋازى دېيىشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بار . بۇلارنىڭ 24 ى ئۈزۈك تاۋۇش ، سەككىزى سوزۇق تاۋۇش .

3 . سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش

تىلىمىزدىكى بەزى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي ، ئەركىن سوزۇلۇپ ، جاراڭلىق چىقىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ، ئۆپكىدىن

چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ . ئۈزۈك ئۈن بىلەن ئېيتىلىدۇ .

تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار مۇشۇ خىل خۇسۇسىيەت بويىچە سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچرىماي . سوزۇلۇپ ئەركىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇش دېيىلىدۇ .

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار : ئا ئە ئې ئى ئو ئۆ ئۇ ئۈ

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇچراپ . ئۈزۈك ئۈن بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇش دېيىلىدۇ .

تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار : ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش غ ف ق ك گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي

4 . بوغۇم

سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا . ھەر بىر سۆز تەبئىي ھالدا بىر

ياكى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ چىقىدۇ . سۆزنىڭ ئاشۇ بۆلۈنۈپ
ئېيتىلغان بۆلەكلىرى بوغۇم دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

باغ+ۋەن ئو+قۇت+قۇ+چى بو+غۇم

5 . سۆز

بىر ياكى بىرقانچە بوغۇمدىن تۈزۈلۈپ ، بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن : خان ، ۋەتەن ، ئەمگەكچى

6 . سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى

سۆزلەر جۈملە ئىچىدە بىر-بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ .

مەسىلەن : بىز مەكتەپكە بەك ئامراق .

7 . سۆزلەرنى قۇردىن-قۇرغا بۆلۈپ يېزىش

خەت يازغاندا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شۇ قۇرغا پاتماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە بۆلۈپ يېزىلىدۇ ۋە ئالدىنقى قۇردا قالغان بوغۇمدىن كېيىن سىزىقچە ( - ) قويۇلىدۇ .

مەسىلەن :

ئەمگەكچى : ئەمگەك- ئوقۇۋاتقان : ئوقۇ -
-چى ۋاتقان

بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى ئىككى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ .



Scanned by CamScanner

مەسلەن :

خەلق : خە ـ دەرس : دە ـ هەرپ : هە ـ

لق رس رپ

سۆزنىڭ تەركىبىدە يالغۇز بىر سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ئايرىم بوغۇم بولۇپ كەلسە، ئۇنى ئايرىپ يۇقىرىقى قۇردا قالدۇرۇشقا ياكى ئاستىنقى قۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ.


مەسلەن، تۆۋەندىكىدەك كۆچۈرۈپ يېزىشقا بولمايدۇ:

ئائىلە : ئا ـ ئاتا : ئا ـ قەلئە : قەل ـ


ئىلە تا ـئە



# ھۆسنخەتتىن ھۇزۇرلىنىش




▲ ھەر كىمە ئەگەر بولسا بىۋاپا، كەلگۈسى ئاڭا بىھېساب بالا.




▲ بىلىملىكنىڭ كۆڭلى گۈلىستان، بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى گۆرىستان.

封面设计　阿不都热合曼·阿不力孜



ISBN 978-7-5370-7498-8

9 787537 074988 >

باھاسى: 5.53 يۈەن

Scanned by CamScanner